# خۇبېينى قوغداش جېڭى، ۋۇخەننى قوغداش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلايلى

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

خۇبېي ۋە ۋۇخەندىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىر ئۆلكە، بىر شەھەرگە مۇناسىۋەتلىك ئىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ چوڭ ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك. خۇبېينى قوغداش جېڭى، ۋۇخەننى قوغداش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كۈرىشىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى.

يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئاچقۇچلۇق مەزگىلىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭ خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ ۋۇخەن شەھىرىگە بېرىپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ، خۇبېي ۋە ۋۇخەننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتىدە پائال ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ئۆزگىرىشى كۆرۈلۈپ، باسقۇچ خاراكتېرلىك مۇھىم نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتى يەنىلا مۇشكۈل، ئېغىر، قانچىكى مۇشۇنداق ۋاقىتتا، كاللىنى شۇنچە سەگەك تۇتۇش، شۇنچە باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچان بولۇش، شۇنچە غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قىلىش، ئىشتا نەتىجە قازىنىشقا ماھىر بولۇش كېرەكلىكىنى تەكىتلەپ، داۋاملىق تۈردە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ھازىرقى بىرىنچى دەرىجىلىك مۇھىم ئىش ۋە ئەڭ مۇھىم خىزمەت بىلىپ، بىخۇدلۇق قىلماي، جەڭدىن بىزار بولماي، بوشىشىپ قالماي، تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمەتلىرىنى قىلچە بوشاشماي چىڭ تۇتۇپ، پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، خۇبېينى قوغداش جېڭى، ۋۇخەننى قوغداش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

خۇبېي ۋە ۋۇخەن بۇ قېتىمقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كۈرىشىدىكى مۇھىمنىڭ مۇھىمى ۋە ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان جاي. يۇقۇم يۈز بەرگەندىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى باشتىن - ئاخىر خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، خۇبېي ۋە ۋۇخەننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى نۇقتىلىق قوللاپ، ئەڭ ئومۇميۈزلۈك، ئەڭ قاتتىق، ئەڭ ئۈزۈل - كېسىل ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، يۇقۇمنىڭ تارقىلىش، يامراش ۋەزىيىتىنى قەتئىي توستى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋۇخەنگە يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سەپتىكى خىزمەتلىرىگە بولغان يېتەكچىلىكنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، خۇبېي خەلقى ۋە ۋۇخەن خەلقى بىلەن مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ جەڭ قىلدى، خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى، مەركەز ۋە دۆلەتنىڭ مىنىستىرلىق، كومىتېتلىرى، ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەر زور كۈچ بىلەن ھەمدەم بولۇپ، جەڭگە ياردەم بېرىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىنى ئەۋجىگە كۆتۈردى. بۇ مەيدان كەسكىن كۈرەشتە، خۇبېيدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ئاتاكىدا ئالدىدا تۇرۇپ، باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلدى، پۈتۈن ئۆلكىدىكى تېببىي خىزمەتچىلەر ۋە خۇبېيغا ياردەم بېرىدىغان داۋالاش ئەترەتلىرىنىڭ ئەزالىرى تولۇق قوراللىنىپ، قارشى يۆنىلىشتە جەڭگە ئاتلاندى، خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرى بۇيرۇقنى ئاڭلىغان ھامان دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، باتۇرلۇق بىلەن ئېغىر يۈكنى زىممىسىگە ئالدى، كەڭ مەھەللە خىزمەتچىلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقچىلىرى، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى، تۆۋەنگە چۈشكەن كادىرلار، پىدائىيلار بوران - چاپقۇندىن قورقماي، بىرىنچى سەپتە چىڭ تۇردى، كەڭ ئامما ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، بەس - بەستە قاتنىشىپ، ھەممە بىر نىيەتتە بولىدىغان، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭىدىغان جۇشقۇن كۈچىنى نامايان قىلدى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇش، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇشتەك ئائىلە دۆلەت مۇھەببىتىنى ئەكس ئەتتۈردى.

جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق خۇبېي ۋە ۋۇخەننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتى پائال ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىپ، دەسلەپكى قەدەمدە ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش، ۋەزىيەتنى ئوڭشاش نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. بۇ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئورتاق تىرىشىپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، نەتىجە تەستە قولغا كەلدى! لېكىن شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈش كېرەككى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتى يەنىلا مۇشكۈل، ئېغىر، تېخى ئارام ئالىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلمىدى. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كۈرىشى ئاچقۇچلۇق باسقۇچقا كىردى، تولۇق غەيرەتكە كېلىشكە بولىدۇكى، بەل قويۇۋېتىشكە بولمايدۇ، جەزمەن بىرلا غەيرەتكە كېلىپ، چىشنى چىڭ چىشلەپ، ئاخىرغىچە چىڭ تۇرۇپ، بەرداشلىق بېرىپ چىڭ ساقلاش كېرەك، ئەجرنى يوققا چىقىرىۋېتىشكە بولمايدۇ. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى كۈچەيتىشتە جەزمەن باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچان بولۇش كېرەك، ھوشيارلىقنى بوشاشتۇرۇشقا بولمايدۇ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەلپىنى تۆۋەنلىتىشكە بولمايدۇ، داۋاملىق چىڭ تۇتۇش، پۇختا تۇتۇش، ئىنچىكە تۇتۇش كېرەك، تولۇق غەلىبە قىلمىغۇچە، ئاسانلىقچە مۇۋەپپەقىيەت قازاندۇق دېيىشكە قەتئىي بولمايدۇ. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، تېخىمۇ قاتتىق ئىستىل، تېخىمۇ ئەمەلىي تەدبىر ئارقىلىق پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك.

ۋۇخەن غەلىبە قىلسا، خۇبېي غەلىبە قىلىدۇ، خۇبېي غەلىبە قىلسا، پۈتۈن مەملىكەت غەلىبە قىلىدۇ. خۇبېينى قوغداش جېڭى، ۋۇخەننى قوغداش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش، داۋالاش - قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، ئىلمىي، دەل جايىدا قۇتقۇزۇش - داۋالاشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، ئەڭ زور چەكتە ساقىيىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈپ، كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىشتىن، خەلق ئاممىسىغا زىچ تايىنىپ، خەلق ئاممىسىنى تولۇق سەپەرۋەر قىلىپ، ئاممىۋى ئالدىنى ئالىدىغان، ئاممىۋى تىزگىنلەيدىغان خەلق مۇداپىئە لىنىيەسىنى بەرپا قىلىشقىچە؛ داۋالاش كۈچى ئاجىز شەھەر، ئوبلاستلارنى قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئەلا سۈپەتلىك داۋالاش بايلىقىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن، چوڭقۇر، ئىنچىكە بولغان ئاممىۋى خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ، خەلق تۇرمۇشىغا مۇلازىمەت قىلىش ۋە كاپالەتلىك قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشكىچە؛ يەنە ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، پەرقلىق تاكتىكا قوللىنىپ، رايونغا ئايرىش، دەرىجىگە ئايرىشنى، تۈرگە ئايرىش، ۋاقىتقا ئايرىشنى، شارائىتى بارلار ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى مۇۋاپىق ۋاقىتتا قوزغىتىپ، تۈرلۈك خىزمەت تەدبىرلىرىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىش كېرەك. مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى ھەرقايسى مىنىستىرلىق، كومىتېتلار خۇبېينى قوللاش سالمىقىنى داۋاملىق ئاشۇرۇپ، خۇبېينىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقى ۋە كونكرېت مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ، بالدۇرراق ئومۇميۈزلۈك نورمال ئىزغا كىرىشكە ياردەم بېرىشى كېرەك.

چىڭ تۇرۇشنىڭ ئۆزى غەلىبە، تاڭ نۇرى ئالدىمىزدا. پەقەت بىز جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىمىزنى چىڭىتىپ، «قەتئىي بەل قويۇۋەتمەيدىغان» چىدامچانلىق، «دۈشمەن قورغىنىنى ئالمىغۇچە يۇرتىغا قايتمايدىغان» جان تىكىپ ئېلىشىش غەيرىتى ئارقىلىق داۋاملىق ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلىدىغانلا بولساقلا، چوقۇم خۇبېينى قوغداش جېڭى، ۋۇخەننى قوغداش جېڭىدە غەلىبە قىلىپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇش، ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 9 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى كونكرېت تەدبىر سۈپىتىدە، ئاپتونوم رايونىمىز مەخسۇس پويىز شەكلىدە، قەشقەر ۋىلايىتى، خوتەن ۋىلايىتى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى نامرات ئەمگەك كۈچلىرىنى تەرتىپلىك تەشكىللەپ، شىمالىي شىنجاڭ، شەرقىي شىنجاڭ ۋە بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى قاتارلىق جايلارغا «نۇقتىدىن نۇقتىغا» يەتكۈزۈپ، يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

بۇ قېتىم ئۈرۈمچى شەھىرى قوبۇل قىلغان 1000دىن ئارتۇق نامرات ئەمگەك كۈچى ئايرىم - ئايرىم ھالدا بۇ شەھەرنىڭ يەنتە رايونى، بىر ناھىيەسىدىكى كارخانىلار ھەم ئۈرۈمچى شەھەرلىك دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش كومىتېتى قارىمىقىدىكى 15 دۆلەت كارخانىسىغا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى تاڭ خېيىي تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىنىڭ بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇشى بىلەن، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تارماقلىرى بىر تەرەپتىن كارخانىلارغا ئالدىن چوڭقۇر چۆكۈپ ئادەم ئىشلىتىش ئېھتىياجىنى ئىگىلەپ، ئىش ئورنى سانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئادەم ئىشلىتىش تىزىملىك دەپتىرىنى تۇرغۇزدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئەمگەك كۈچى چىقىرىدىغان جاي بىلەن ئۇدۇللاشتۇرۇشنى پائال ماسلاشتۇرۇپ، ئادەم ئىشلىتىش ئۇچۇرىنى ئېلان قىلىپ، خادىملارنى تەشكىللەپ يەتكۈزۈش قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، خادىملارنى بىخەتەر يەتكۈزۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. «كارخانا قوبۇل قىلغان نامرات ئەمگەك كۈچلىرى بىلەن ئۈچ يىلدىن ئارتۇق ئەمگەك توختامى ئىمزالايدۇ، مائاش كىرىمى ئېيىغا 2000 يۈەندىن تۆۋەن بولمايدۇ، كۈندىلىك باشقۇرۇشنى ياخشى قىلىپ، يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان خادىملارنىڭ تۇرۇپ قېلىشى، مۇقىم تۇرۇشى، ياخشى ئىشلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ» دېدى تاڭ خېيىي.

سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى يۈي جۇڭشەن مۇنداق دېدى: سانجى ئوبلاستى بۇ قېتىم 800دىن ئارتۇق نامرات ئەمگەك كۈچىنى قوبۇل قىلدى، ئايرىم - ئايرىم ھالدا سانجى شەھىرى، ماناس ناھىيەسى ۋە ئۈچ سانائەت باغچە رايونىغا ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى. «بىز قوبۇل قىلغۇچى جاي تولۇق تەييارلىق قىلىپ، بۇ تۈركۈم خادىملارنىڭ ياتاق، تاماقلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇردۇق. ئۇلارنى دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى ۋە ماھارەت جەھەتتە تەربىيەلىگەندىن كېيىن، ھەربىر ئادەمنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن مۇۋاپىق ئىش ئورنىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئادەم بىلەن ئىش ئورنى ماس كېلىش، ھەممە ئادەمنىڭ ئىش ئورنى بولۇش، ھەر كۈنى كىرىمى بولۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشى كاپالەتكە ئىگە بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرىمىز» دېدى يۈي جۇڭشەن.

بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، ئاپتونوم رايونىمىز يەنە مەخسۇس پويىز شەكلىدە، تۈركۈم - قېتىمغا بۆلۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قالپىقى ئېلىپ تاشلىنىۋېتىلمىگەن ئون ئېغىر نامرات ناھىيەدىكى نامرات ئەمگەك كۈچلىرىنى شىمالىي شىنجاڭ، شەرقىي شىنجاڭ ۋە بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى قاتارلىق جايلارغا تەرتىپلىك يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

بىراق، جۇغراپىيەلىك ئورنى نىسبەتەن چەت - ياقا، ئەشيا ئوبوروتى ئەسلىھەلىرى نىسبەتەن قالاق، داڭلىق ماركىنىڭ تونۇلۇش دەرىجىسى يۇقىرى بولماسلىق قاتارلىق كۆپ خىل ئامىللارنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، يەنە ئاز بولمىغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى تېخى بازارغا سىڭىنغىنى يوق.

شۇڭا، بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز ھۆكۈمەت يېتەكلەش، جەمئىيەت قاتنىشىش، بازار يۈرۈشتۈرۈش، مېخانىزمدا يېڭىلىق يارىتىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ھەرىكىتىگە تايىنىپ، ئىستېمال ئەندىزىسىدە دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈشكە كۈچەيدى. ھۆكۈمەت يېتەكچىلىك قىلىش ئارقىلىق ئىستېمال بازىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، زاكازلىق يېزا ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، نامرات ئاممىنى ئىلمىي، قېلىپلاشقان تېرىقچىلىق قىلىشقا يېتەكلەپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەش سۈپىتى ۋە ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، خامچوت ئورۇنلىرىنىڭ ھۆكۈمەت سېتىۋېلىش ئەندىزىسىدىن پايدىلىنىپ، ھەر دەرىجىلىك خامچوت ئورۇنلىرىنى ئالدىن سېتىۋېلىش، سېتىۋېلىش نورمىسىنى ئالدىن قالدۇرۇش شەكلى ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشقا ئىلھاملاندۇردى.

چەت - ياقا رايونلارنىڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە بازارغا يۈزلەندۈرۈشتە، توردىكى ۋە تور سىرتىدىكى ئىستېمال ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىشقا توغرا كېلىدۇ. توردا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار ئاساسلىقى تۈرلۈك ئېلېكتىرونلۇق سودا سۇپىسىدىن پايدىلىنىپ، چىلان، ياڭاق قاتارلىق شىنجاڭنىڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى زور كۈچ بىلەن تونۇشتۇردى؛ تور سىرتىدا تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرىنى شىنجاڭنىڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش ئاممىۋى مەنپەئەت مەخسۇس رايونى، مەخسۇس پوكىيى، مەخسۇس سارىيى تەسىس قىلىشقا نۇقتىلىق تەشكىللەپ سەپەرۋەر قىلدى.

ساياھەت ئىستېمالى ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئەندىزىسىدە ئوخشاشلا يەنە مۇ «يوشۇرۇن كۈچنى قېزىش»قا توغرا كېلىدۇ، نامرات رايونلارنى داڭلىق مەنزىرە رايونى، ساياھەتچىلەر يىغىلىش - تارقىلىش مەركىزى قاتارلىق جايلاردا شىنجاڭنىڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش مەخسۇس رايونى تەسىس قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، «يېزا ئىگىلىك ئېكسكۇرسىيەسى + ساياھەت قىلىپ مال سېتىۋېلىش» قاتارلىق نامراتلارنى يۆلەش كەسىپ زەنجىرىنى بەرپا قىلىپ، ساياھەتچىلەرنى نامرات رايونلارنىڭ مەھسۇلاتلىرى ۋە مۇلازىمىتىنى كۆرۈپ بېقىشقا جەلپ قىلدۇ.

بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز يەنە ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، رايون ئىچىدە ھەمكارلىشىپ نامراتلارنى يۆلەش ۋە نۇقتا بېكىتىپ نامراتلارنى يۆلەش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، نامراتلارنى يۆلەش مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش ئەھۋالىنى شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، رايون ئىچىدە ھەمكارلىشىپ نامراتلارنى يۆلەش ۋە نۇقتا بېكىتىپ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمىنى باھالاشتىكى مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ بىرى قىلىپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە - شەھەرلەر، رايون ئىچىدىكى ھەمكارلاشقان ناھىيە(شەھەر، رايون)لەر ۋە مەركەز، ئاپتونوم رايون ئورۇنلىرىنىڭ ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ھەرىكىتىگە پائال قاتنىشىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

«ئاپتونوم رايوننىڭ ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ھەرىكىتىنى يولغا قويۇش لايىھەسى» ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ نامراتلارنى يۆلەش مەھسۇلاتلىرىنى بېكىتىش، باشقۇرۇشنى ۋاقىتلىق يولغا قويۇش چارىسى»غا ئاساسەن، ھازىر، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش ئىشخانىسى ئاشكارا، ئادىل، ھەققانىي بولۇش ۋە ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئىلتىماس قىلىش پرىنسىپى بويىچە، نامراتلارنى يۆلەش مەھسۇلاتلىرىنى بېكىتىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى تەشكىللىك قانات يايدۇرۇۋاتىدۇ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

مېنىڭ ھەمكارلىق ھەمراھىم پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئوت ئۈستىگە ياغ چېچىپ، خەنزۇلارغا قارا چاپلاپ، ماڭا دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى سىڭدۈردى. كېيىن ئۇنىڭ زوراۋان - تېررورچى ئۇنسۇر ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا قانۇننىڭ جازاسىغا ئۇچرىغانلىقىنى بىلدىم. ئۇ ماڭا ئۆزلۈكسىز ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى سىڭدۈردى، يەنە ماڭا نۇرغۇن زوراۋانلىق، تېررورلۇق ئۈن - سىنلىرىنى ئەۋەتتى، بىز ھەر كۈنى دېگۈدەك بىللە كۆردۇق. شۇنداق قىلىپ مەندە ئېغىر ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى شەكىللەندى، كاللامدا ئىزچىل چوڭ ئىش قىلىشنى پىلانلايتتىم. بىز دۇكاننى سېتىۋېتىپ، ئارقىدىن بىز تۇرۇشلۇق ئاشۇ سودا سارايىنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىشنى مەسلىھەتلەشتۇق، يەنە 6000 يۈەنگە بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدۇق.

ئۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ساقچىخانىغا بېرىپ بىزنى پاش قىلدى، خەلق ساقچىلىرى مېنى قانۇن بويىچە چاقىرتىپ، مەندە ئېغىر ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى ۋە جىنايەت ئۆتكۈزۈش خاھىشى بارلىقىنى بايقىدى، ئالاقىدار تارماقلار قانۇن بويىچە ماڭا ياردەم بېرىشنى، تەربىيە قىلىشنى قارار قىلدى. 2018 - يىلى، مەن پەيزاۋات ناھىيەلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە كىرىپ تەربىيەلىنىشكە قاتناشتىم.

كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە، مەن دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى، قانۇن بىلىملىرى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆگىنىپ، ئۆزۈمنىڭ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغانلىقىمنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتىم، شۇنداقلا دىن بىلەن دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ پەرقىنى ئېنىق ئايرىدىم، «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ زىيىنىنى ئېنىق تونۇپ يەتتىم. شۇنىڭدەك ئەگەر كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە كەلمىگەن بولسام، مېنى كۈتۈپ تۇرغىنىنىڭ قانۇننىڭ سورىقى بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتىم.

دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى تۈگەتكەندىن كېيىن، مەن تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىشكە باشلىدىم، دەرسخانىدا مۇئەللىمنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدىم، بىلمىگەنلىرىمگە يولۇققاندا، مۇئەللىمدىن سورىدىم، ھەرقايسى جەھەتتىكى ئىپادەم بىر قەدەر ياخشى بولغاچقا، كۆپچىلىك مېنى سىنىپ باشلىقلىقىغا سايلىدى. كۆپچىلىكنىڭ ئېتىراپ قىلىشى بىلەن مەن ئۆزۈمگە تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ قويدۇم. مەيلى تۇرمۇشتا بولسۇن، ياكى ئۆگىنىشتە بولسۇن، مەن ئۆزۈم ئۈلگە بولۇپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرگە ئۈلگە تىكلىدىم. بۇنىڭدىن باشقا، مەن يەنە ناھىيە ۋە مەكتەپ تەشكىللىگەن قانۇن تەشۋىقاتى، قانۇن بىلىملىرى مۇسابىقىسى، دېلو ئارقىلىق قانۇننى سۆزلەش قاتارلىق پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ، ئۆزۈمنىڭ كەچۈرمىشىمنى تېخىمۇ كۆپ كىشىگە ئېيتىپ بەردىم.

كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىدىكى كەچۈرمىشىمنى مەن مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايمەن. ئىلگىرى مەن ناخشا ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناشقا ئامراق ئىدىم، لېكىن ئاتالمىش دوستۇم ماڭا: «ناخشا ئېيتساڭ بولمايدۇ، ئۇسسۇل ئوينىساڭ بولمايدۇ، بولمىسا ئۆلگەندىن كېيىن دوزاخقا كىرىسەن» دەپ ئېيتقاچقا مەن ئۆزۈمنى چەكلەپ كەلگەنىدىم. كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە، مۇئەللىم مېنىڭ ئۇسسۇل ئويناش تالانتىم بارلىقىنى ئېيتتى، مۇئەللىمنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى بىلەن، مەن سەھنىگە چىقىپ ئۇسسۇل ئوينىدىم، مەن ئۆزۈمنىڭ ئۇسسۇل ئوينىسام توختىيالمايدىغانلىقىمنى بايقىدىم، ئۇسسۇل ماڭا ھەقىقىي ئۆزۈمنى ھېس قىلدۇردى. 2019 - يىللىق چاغانلىق بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكىگە تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن، بىز بىر ئاي بۇرۇن نومۇرلارنى مەشىق قىلىشنى باشلىدۇق، ھەر كۈنى يېرىم كېچىگىچە مەشىق قىلاتتۇق، لېكىن مەن ئازراقمۇ ھارغىنلىق ھېس قىلمايتتىم، ھەر كۈنى ناھايىتى روھلۇق ئىدىم. ئاخىر بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى كۈنى يېتىپ كەلدى، بىزنىڭ ئويۇنىمىز ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ، بىرىنچىلىكنى ئالدۇق. بۇ كۈن دەل مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم ئىدى. كېچىلىك ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئويۇن قويۇش ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى بىزنى بىللە ئاڭلىتىش زالىغا بېرىشقا چاقىردى، بۇ چاغدا تۇيۇقسىز تۇغۇلغان كۈن ناخشىسى ياڭرىدى، كۆپچىلىك تورتنى كۆتۈرۈپ ئالدىمغا كېلىپ، تۇغۇلغان كۈنۈمنى بىرلىكتە تەبرىكلىدى، بۇ ناھايىتى زور خۇشاللىقتىن تەسىرلىنىپ يىغلاپ كەتتىم. 2019 - يىلىدىكى تۇغۇلغان كۈنۈم ھاياتىمدىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئۆتكۈزگەن تۇغۇلغان كۈن بولدى.

تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە ئۆگەنگەن ماھارەتكە تايىنىپ، مەن بىر ئويۇن قويۇش شىركىتى بىلەن كېلىشىم ئىمزالىدىم، ئاساسلىقى ماسلاشتۇرۇش، ئۇدۇللاشتۇرۇش قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇل بولدۇم. ئىلگىرىكى كەچۈرمىشىم خۇددى قاباھەتلىك چۈشكە ئوخشايدۇ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىدە، مەن قاباھەتلىك چۈشتىن ئويغاندىم. كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە ئۆزۈمنى تاپتىم، توغرا ھايات يولىنى تاپتىم. مەن ئىشىنىمەنكى، كەلگۈسىدە ھاياتىم تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ.

**(مۇخبىرىمىز شى خۇيبىيەن رەتلىگەن)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

خوتەن كەچلىك بازىرىدىن ئىبارەت بۇ سۇپىغا تايىنىپ، رەتتۇرنىسا ئائىلىسىنىڭ سودىسى قىزىپ كەتتى. ئېرى «ئائىلە»دە كالىنىڭ باش گۆشىنى پىشۇرۇپ ھۈنىرىنى كۆرسىتىدۇ؛ رەتتۇرنىسا «سىرت»تا، كەچلىك بازاردىكى جاي - جايلاردىن كەلگەن خېرىدارلارنى كۈتۈۋالىدۇ. سودىسى ئالدىراش بولۇپ يېتىشەلمەي قالغان چاغلاردا، ئوغلىمۇ كېلىپ ياردەملىشىدۇ. داڭقى چىققاچقا، ئۇنىڭ ئائىلىسى يەنە كالىنىڭ باش گۆشىنى تۇپ سېتىش سودىسى قىلىپ، كۈنىگە 2000 يۈەندىن ئارتۇق سودا قىلىدۇ. بۇ يىللاردا، رەتتۇرنىسا ئائىلىسى ئاپتوموبىل سېتىۋالدى، بۇلتۇر يەنە ئىككى قەۋەتلىك بىنا ئۆي سالدى.

دەسلەپ قۇرۇلغاندا، خوتەن كەچلىك بازىرى ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشۇش تەرەققىيات نىشانىنى بېكىتىپ، يايما ئورنىنى ئاساسلىقى ھەرقايسى ناھىيە، شەھەرلەردىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەرگە يۈزلەندۈردى. 2016 - يىلى 10 - ئايدا، خوتەن شەھىرى كەچلىك بازارنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ ئۆزگەرتىپ، كۆلىمى ۋە تەسىر كۈچىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتتى. رەتتۇرنىساغا ئوخشاش تىجارەتچىدىن جەمئىي 260ى بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىدى، بەزىلىرى ھاللىق تۇرمۇشقا قەدەم قويدى.

ھەر كۈنى كەچ كىرىشى بىلەن، خوتەن كەچلىك بازىرى قىزىپ كېتىدۇ. كەچلىك بازارغا كىرسىڭىز، كىشىلەر ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ھەر خىل شېۋىدە توختىماي خېرىدار چاقىرىۋاتقان ئاۋازلارنى ئاڭلايسىز. سارغايتىپ پىشۇرۇلغان يۇلغۇن كاۋاپ، ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كەپتەر شورپىسى، تاتلىق ھەم يېيىشلىك قېتىق سىلىنغان زۇڭزا، يەنە لەڭمەن، قوقاستا پىشۇرۇلغان تۇخۇم ... بۇلار ئىنتايىن ئۆزگىچە يېمەكلىك مەدەنىيىتى يۈگمە رەسىمىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

بۇ يۈگمە رەسىمدىكى %80كە يېقىن يېمەكلىك يەرلىكنىڭ خاس يېمەكلىكى، ئۇنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى خوتەندىكى يەرلىك يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى خام ماتېرىيال قىلغان بولۇپ، شىنجاڭنىڭ يېمەك - ئىچمەك خاسلىقىنى نامايان قىلىپ قالماي، يەنە شۇ جاينىڭ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشقا ئۈنۈملۈك يول تېپىپ بەردى.

چىرا ناھىيەسىدىن كەلگەن گۈلمەرەم داۋۇت كەچلىك بازاردىكى تىجارەتچىلەر ئارىسىدىكى ئاز ساندىكى نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىپ تاشلىمىغان نامرات ئائىلە، ئوغلى ئاغرىق بولۇپ ھەر يىلى داۋالاشقا نۇرغۇن پۇل خەجلەيدۇ. 2017 - يىلى، گۈلمەرەم كەچلىك بازاردا بىر يايما ئورنى ئىجارە ئېلىپ كەپتەر كاۋىپى ساتتى. «ھازىر، مەن ھەر كۈنى كەچتە يايما ئاچسام 200 يۈەندىن كۆپرەك پۇل تاپالايمەن.» گۈلمەرەمنىڭ دېيىشىچە، ئۇ تىرىشسىلا، چوقۇم قەرەلىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدىكەن.

خوتەن كەچلىك بازىرى باشقۇرغۇچىسىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بازاردىكى تىجارەتچىلەردىن خوتەن شەھىرىدىكىلەرمۇ بار بولۇپ، يەنە نۇرغۇنلىرى قاراقاش، گۇما، لوپ، چىرا قاتارلىق جايلاردىن كەلگەنلەر ئىكەن. ئۇلارنىڭ %90تىن كۆپرەكى خوتەن شەھىرىدىن ئۆي سېتىۋېلىپ، خوتەن شەھىرىدە دائىملىق تۇرىدىغانلار ئىكەن.

41 ياشلىق جۇمەنىسا ئەمەر خوتەن ناھىيەسىنىڭ لاگرۇ يېزىسىدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلە. 2019 - يىلى 5 - ئايدا يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىدە، ئۇ كەچلىك بازارغا كېلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتى، زۇڭزا سودىسى قىلغانسېرى قىزىپ كەتتى. «مەن يەنە بىر يايما ئورنى ئىجارە ئېلىشقا ئىلتىماس قىلدىم، كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن قىزىمغا مېۋە شەربىتى يايمىسى ئېچىپ بەرمەكچى».

خوتەن كەچلىك بازىرى نامىنىڭ يىراققا تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، 2019 - يىلى قۇرۇلۇش كۆلىمى 9600 كۋادرات مېتىرغا يېتىدىغان خوتەن كەچلىك بازىرى (خۇەنخۇ دۇكىنى)دا تىجارەت باشلاندى. بۇ كەچلىك بازاردا 194 يايما ئورنى، 25 ئېغىز خاس دۇكان بولۇپ، تىجارەت باشلىغان كۈندىكى خېرىدار ئېقىمى 25 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئېشىپ كەتتى.

ھازىر، خوتەن كەچلىك بازىرى شۇ جاينىڭ مەدەنىيەت - ساياھەت نام كارتىسىغا ئايلىنىپ، ساياھەتنى گۈللەندۈرۈش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش، سىرتقا تەشۋىق قىلىش قاتارلىق كۆپ ئىقتىدارلىق ئۇنىۋېرسال سۇپىغا قاراپ قەدەم ئالدى.